# شى جىنپىڭ ھىندىستان زۇڭلىسى مودى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تەمىلنەدۇ ئىشتاتىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ تارىخى ئۇزاق، قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو بىلەن بولغان دېڭىز سودا ئالاقىسى قويۇق بولۇپ، قەدىمكى يىپەك يولىدىكى دېڭىز مال ئۆتەڭ بېكىتى ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو بىلەن ھىندىستان نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا ئىگە مەدەنىي قەدىمىي دۆلەت، ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئىككى دۆلەت ئەجدادلىرى قاتمۇقات توسالغۇلارنى يېڭىپ، كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ئەدەبىيات، سەنئەت، پەلسەپە، دىنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولدى، ئىككىلا تەرەپ كۆپ نەپكە ئېرىشتى. جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ئادەمىيەت ئالاقىسىنىڭ قىزىشقا بولىدىغان يوشۇرۇن كۈچى زور. ئىككى تەرەپ كېلەر يىلىدىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، تېخىمۇ كەڭ ساھە، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق ئادەمىيەت ئالاقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىك سۆزلىشىشى، ئالماشتۇرۇشنى ئورتاق تەشەببۇس قىلىپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئۇزاق داۋاملىشىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشۇپ، ئاسىيا مەدەنىيلىكىنىڭ يېڭى شانلىق سەھىپىسىنى داۋاملىق پۈتۈشى كېرەك.

مودى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىز تۇرۇۋاتقان بۇ قەدىمىي ئىبادەتخانىلار تويى ھىندىستان مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئىمارەتلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى بولۇپ، ھىندىستان ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇن نەچچە ئەسىر ھالقىغان مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇشى ۋە ئۇزاق تارىخىي ئالاقىسىگە گۇۋاھ بولدى. نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق ھىندىستان ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ھازىر مۇھىم يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھىندىستان ـ جۇڭگو مەدەنىيلىكى قەدىمىي، چوڭقۇر، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقىل ـ پاراسەت بۈگۈنكى دۇنيا دۈچ كەلگەن تۈرلۈك خىرىسلارنى ھەل قىلىشنى ئىلھام بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شى جىنپىڭ مودىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ھىندىستاننىڭ قەدىمىي مەدەنىيلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان پولودو ئۇسسۇلى قاتارلىق ھىندىستاننىڭ كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنى كۆردى.

چەكسىز يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئاستىدىكى دېڭىز قىرغىقى بۇتخانىسىدا بىپايان ھىندى ئوكيانىغا قاراپ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ بىلەن مودى جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ئىچكى تەرەققىياتى توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بىردەك مۇنداق قارىدى: جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى چوڭ مەدەنىيلىكنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالاھىدە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى ھەم دۆلەت رەئىسىنىڭ سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسەتتى: يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو ـ كۇبا ئىككى دۆلەت خەلقى چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى، جۇڭگو بىلەن كۇبا سەمىمىي، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، تەقدىرداش ياخشى دوستلار، ياخشى ھەمراھلار، ياخشى قېرىنداشلارغا ئايلاندى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: مەن جۇڭگو ـ كۇبا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، 1 ـ شۇجى رائۇل كاسترو بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ـ كۇبا دوستلۇقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پۈتۈشنى خالايمەن، رەئىس دىئاز كانېل بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنىڭ كەڭلىك دەرىجىسى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشنى، جۇڭگو ـ كۇبا مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

# شى جىنپىڭ ھىندىستان چېننايغا يېتىپ باردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىق ھەمراھ خادىملار شۇ ئايروپىلاندا باردى.

جۇڭگونىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سۈن ۋېيدۇڭمۇ ئايروپورتقا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

ھىندىستاندىكى سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ يەنە نېپالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭدىن ئايرىلدى، ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى مودى ۋە نېپال زۇڭتۇڭى باندارىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھىندىستانغا بېرىپ جۇڭگو ـ ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ 2 ـ قېتىملىق بىرەسمىي ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ، نېپالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ.

شى جىنپىڭغا ھەمراھ بولۇپ زىيارەتكە چىققانلاردىن: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىسترى ۋاڭ يى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ قاتارلىقلار بار.

# ھىمالايادىن ھالقىغان دوستلۇقنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو بىلەن نېپال ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ياخشى دوستلار، ئۆزئارا پايدا ئالىدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ياخشى ھەمراھلار، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، ئۆزئارا ئۆرنەك ئالىدىغان ياخشى قوشنىلار، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان ياخشى قېرىنداشلار.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ نېپال ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئارزۇسى ئۆزئارا تۇتاشقان، تەقدىرى ئۆزئارا باغلانغان. دەۋر ئىككى دۆلەتتىن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم نېپالنى زىيارەت قىلىشىم. مەن نېپالدىكى دوستلىرىم بىلەن دوستلۇق توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشىپ، ھەمكارلىق توغرىسىدا ئورتاق سۆزلىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىنى پىلانلاشقا تەقەززامەن. نېپال خەلقى دائىم مۇنداق دەيدۇ: «تامچىلىغان سۇمۇ ئىدىشنى توشقۇزار»، جۇڭگولۇقلارمۇ مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ياققان ئوت كۆككە تۇتىشار». ئىشىنىمەنكى، ئىككى دۆلەت دوستلۇق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرسىلا، چوقۇم جۇڭگو بىلەن نېپالنىڭ ھىمالايادىن ھالقىغان دوستلۇقىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدۇ.

# شى جىنپىڭ 2019 جۇڭگو خەلقئارا رەقەملىك ئىقتىساد كۆرگەزمىسىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو رەقەملىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممەھرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگو رەقەملىك كەسپلەشتۈرۈش، كەسپنى رەقەملەشتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولماقتا. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رەقەملىك ئىقتىساد تەرەققىياتىدىن ھەممەھرىلىنىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو خەلقئارا رەقەملىك ئىقتىساد كۆرگەزمىسىنى سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقى، خېبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان. بۇ نۆۋەتلىك رەقەملىك ئىقتىساد كۆرگەزمىسىدە «رەقەملىك ئىقتىساد يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىش» باش تېما قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىۋېرسال كۆرگەزمە، ئەقلىي ئىقتىدارلىق شيۇڭئەن باشلىقلار مۇنبىرى، كارخانا تۈرلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى

# يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **خەن چېنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى سانجى شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2025 ـ يىلغا بارغاندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى 22 مىليون كىلوۋات ئەتراپىدا تۇراقلاشتۇرۇلىدۇ؛ ئاساسلىق زىرائەتلەرنى تېرىش ـ يىغىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش نىسبىتى 86%تىن ئاشۇرۇلىدۇ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش نىسبىتى 72%تىن ئاشۇرۇلىدۇ؛ ئاشلىق، پاختا ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا پۈتۈن جەريانلىق ماشىنىلىشىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، چارۋا باقمىچىلىقى، باغ ـ ئورمانچىلىق، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى دەسلەپكى پىششىقلاش، خاس يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، 2018 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى 21 مىليون 650 مىڭ كىلوۋاتقا يەتكەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش نىسبىتى 68% بولغان، ئاساسلىق زىرائەتلەرنى تېرىش ـ يىغىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش نىسبىتى 84.6%كە يېتىپ، داۋاملىق مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى سەككىز جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانلىق، ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈش؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ جابدۇق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش؛ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، يېشىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسى، جابدۇقدا ئۈلگە كۆرسىتىشنى كېڭەيتىشنى تېزلىتىش؛ يېڭىچە يېزا ئىگىلىكنىڭ ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات ئاساسىي شارائىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تېرىلغۇ يەردىكى مەشغۇلات شارائىتىنى ئۈنۈملۈك ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تېز تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش؛ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشتا ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ھەقىقىي، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش؛ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز نەق مەيدان يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

# يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون دەرھال تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئىلگىرى سۈرۈشنى تەكىتلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش مەركىزى قۇرۇش دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، بۇرچى، ئاممىنىڭ ئارزۇسى، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پائال ئىلگىرى سۈردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئاكتىپلىق ئىزدەندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا زىچ مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام خىزمەت كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئاممىنى تەربىيەلەپ ۋە يېتەكلەپ، تىرىشىپ كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، يېزىلارنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پىدائىيلار مۇلازىمەت مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش كېرەك. بازا بايلىقىنى بىرىكتۈرۈپ، «بەش چوڭ سۇپا» بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى تەشۋىقات، تەربىيەسىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى تەربىيەلەپ، مەدەنىي يېڭى ئىستىل يېتىلدۈرۈش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى، تۇرالغۇ مۇھىتى، تەرەققىيات مۇھىت سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازارلاردا 466 مىڭ 700 كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 103.7% ئورۇندالغان؛ شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغانلاردىن 41 مىڭ 900 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 104.74% ئورۇندالغان؛ 66 مىڭ 300 ئادەم يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلەپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 221% ئورۇندالغان، 129 مىڭ 900 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 144.3% ئورۇندالغان؛ ساياھەت كەسپىدە «يەتتە بىر تۈركۈم» يولى ئارقىلىق 44 مىڭ 636 كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق ۋەزىپە 111.59% ئورۇندالغان.

ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇقىم ئالغا سىلجىتىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 2 مىليون 575 مىڭ 500 ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 95.39% ئورۇندالغان؛ 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 65 مىڭ 74 ئەمگەك كۈچى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 162.69% ئورۇندىلىپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان.

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى نۇقتىلىق توپلارنىڭ بىرى. 2019 ـ يىلى ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق مۇشۇ قاراردا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 94 مىڭ 868 بولۇپ، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 76 مىڭ 8 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 80.12% بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە قارىغاندا تۇنجى قېتىم 80%تىن ئاشقان.

ماھارەت ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئاساسى. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 910 مىڭ 200 ئادەم قېتىمنى تۈرلۈك كەسپلەر بويىچە تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 82.75% ئورۇندالغان. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 519 مىڭ 700 ئادەم قېتىم تەربىيەلىنىپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 146.95% ئورۇندالغان؛ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 186 مىڭ 300 ئادەم قېتىم تەربىيەلىنىپ، يىللىق نىشان ـ ۋەزىپە 199.49% ئورۇندالغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ما جيەنيۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇزاق مەزگىللىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش سىياسەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرگەن. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم مەبلىغى 2 مىليارد 234 مىليون يۈەن بولۇپ، 613 مىڭ كىشى تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياردەم پۇلى سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولغان؛ جەمئىي 393 مىليون يۈەن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم پۇلى تارقىتىلىپ، 8058 كارخانىدىكى 1 مىليون 120 مىڭ 900 ئىشچى ـ خىزمەتچىگە نەپ يەتكۈزۈلگەن؛ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىدا 1 مىليارد 324 مىليون يۈەن ھەققى تۆۋەنلىتىش ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كارخانىلارنىڭ يۈكى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىلگەن.